### «خەلق گېزىتى» گو جىيپىڭنىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلدى

# جۇڭگونىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق، خىرىسلاردىن غالىب كېلىشكە يېتەرلىك ئىشەنچى، جاسارىتى بار

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان** 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى نەشىردىن چىققان «خەلق گېزىتى»دە، گو جىيپىڭنىڭ «جۇڭگونىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق، خىرىسلاردىن غالىب كېلىشكە يېتەرلىك ئىشەنچى، جاسارىتى بار» تېمىلىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلدى: جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ نەتىجە قەغىزىنى ۋاراقلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ يېڭى مەنزىلىگە نەزەر سالساق، جۇڭگو ئىقتىسادىدا نامايان بولۇۋاتقان مۇستەھكەم تىرەك، غايەت زور ئېلاستىكلىق كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. گەرچە ئىچكى جەھەتتە ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەش بېسىمى، تاشقى جەھەتتە ئىقتىساد ـ سودا سۈركىلىشى قاتارلىق خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار بولسىمۇ، لېكىن جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ يۈرۈشى ئومۇمىي جەھەتتىن تەكشى، مۇقىم بولۇش، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنىلا دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ يارقىن نۇقتىسى بولماقتا.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۇنيا بازىرى ئورتاق چوڭ تورت ياساشقا موھتاج، باراۋەر ھەمكارلىق، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش بىردىنبىر توغرا يول. قالايمىقان قالپاق كىيگۈزۈش، تاموژنا بېجىنى قوشۇپ ئېلىش، جۇڭگو كارخانىلىرىغا بېسىم چۈشۈرۈش، جۇڭگونى چېكىنىشكە مەجبۇرلاش، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشقا ئۇرۇنۇش قاتارلىق قىلمىشلار چوقۇم ئەمەلگە ئاشمايدۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: جۇڭگو خەلقى ھەرقانداق كۈچنىڭ جۇڭگونى تەرەققىي قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلالمايدىغانلىقىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىش تىرىشچانلىقىنى توسۇپ قالالمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. جۇڭگونىڭ ھەرقانداق قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلاردىن غالىب كېلىشكە يېتەرلىك ئىشەنچى ۋە جاسارىتى بار، جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى بىلەن قول تۇتۇشۇپ، گۈزەل كېلەچەكنى يارىتىش يولى چوقۇم ماڭغانسېرى كېڭىيىدۇ.

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي ھۇجۇم نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، نامراتلارنى يۆلەش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇپ، كەمتۈكلۈكلەرنى كۈچلۈك تولۇقلاپ، سىياسەتنى دەل جايىدا يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئۇسلۇبىنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ مارالبېشى ناھىيەسىنىڭ چارباغ يېزىسى بەشئۆستەڭ كەنتى، دۆلەتباغ يېزىسى شودىگەي توغراق كەنتى، مارالبېشى ناھىيەسى تۇققۇمچىلىق سانائەت باغچە رايونى، كەلپىن ناھىيەسى ئاچال بازىرىنىڭ قالما كەنتى ۋە بەخت كەنتى، ئاقسۇ شەھىرى قاراتال بازىرى تۇگمەنبېشى كەنتى، ئاقچى ناھىيەسىنىڭ قۇلانساراق يېزىسى بەدەل كەنتى، ئاقچى بازىرى كۆكچوقۇر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت مەدەنىيەت كەنتى، سومتاش يېزىسى، قاراچى يېزىسى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى چېڭبېي سانائەت باغچە رايونى، ئۇچتۇرپان ناھىيەسى لاپاس پارنىك كەسپلەر باغچە رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، نەق مەيداندا نامرات ئاممىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈردى.

نامرات ئاممىنىڭ ئۆيىدە، لى پېڭشىن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سىياسىتىنىڭ كەنتلەرگە، ئائىلىلەرگە يەتكۈزۈلۈش ئەھۋالىنى چوڭقۇر ئىگىلىدى، نامرات ئاممىنىڭ تەلەپلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىدى، ئۇلارنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، تىرىشىپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىپ، بىر جۈپ قولىغا تايىنىپ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى.

قۇربان ھېيت كۈنى، لى پېڭشىن يەنە چېگرانىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، چېگرا قوغدىغۇچىلارنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق باسقۇچقا كىردى، جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، بىرلا غەيرەت قىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكەت ئارقىلىق پارتىيەگە بولغان مۇتلەق سادىقلىقنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، سىياسەتنى دەل جايىدا يولغا قويۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «يەتتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا تىرەكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش سالمىقىنى زورايتىپ، يۇقۇم ئەھۋالىنى ئۆلچەش، ئالدىنى ئېلىش ـ كونترول قىلىشنى كۈچەيتىپ، خاس باغۋەنچىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە چارۋىچىلىقنى كۆلەملەشتۈرۈش، كەسىپلەشتۈرۈشنىڭ تەرەققىياتىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىش كېرەك. «قابىللار» ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنى قېلىپلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «باشلامچى ياۋاغاز»لارغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. مۇقىملىق ئېلىپ كەلگەن پايدىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، گۈزەل ساياھەت بايلىقى ۋە ئۆزگىچە مىللىي ئۆرپ ـ ئادەتلەرنى تولۇق قېزىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ياخشى قوغداپ، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە پائال تۈرتكە بولۇش كېرەك. كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، يېزىلاردىكى ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى داۋاملىق زورايتىپ، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، مەسئۇلىيەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، سىياسەتنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى تاشلىماسلىق، قالپاقنى چۆرۈپ تاشلىسىمۇ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى تاشلىماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە ھەرگىز جەڭنى توختاتماسلىق كېرەك.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# لى فۇرېن: خەلق ئۈچۈن ئاققان ھەربىر تامچە قان بىھۇدە ئەمەس

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىئەن، 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر لى خاۋ)**

«بىلمەن سانسىز جانغا بولۇشتۇق زامىن،
بىلمەيسەن لېكىن خەلق قۇدرىتىنى.
تامچە قاندا قىزىرىدۇ بىر ئۇچۇم تۇپراق،
كاككۇك قىنى رەڭلىگەندەك گۈلزارلىقلارنى.»

بۇ مەشھۇر ئاخبارات ۋە مائارىپ خىزمەتچىسى لى فۇرېننىڭ ئەكسىيەتچى ئىشپىيونلار تەرىپىدىن ئېتىپ يارىلاندۇرۇلغاندىن كېيىن يازغان شېئىرى بولۇپ، گومىنداڭنىڭ رەزىل جىنايى قىلمىشى پاش قىلىنغان ۋە شىكايەت قىلىنغان.



**لى فۇرېننىڭ سۈرىتى.**
**□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

لى فۇرېن، 1899 ـ يىلى شەنشى شيەنياڭنىڭ بىيدۇ بازىرىدا تۇغۇلغان، ئەسلى يۇرتى شەنشى پۇچېڭ ناھىيەسى. 1920 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن. 1925 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن شەنشى ئارمىيەسىنىڭ خې جىڭۋېي قىسمى تەلىم ـ تەربىيە ئەترىتىدە مەدەنىيەت يېتەكچىسى بولغان.

1928 ـ يىلدىن كېيىن، گومىنداڭ شەنشى ئۆلكىلىك پىرقىسىنىڭ ياردەمچى ئىش بېجىرگۈچىسى، بۆلۈم باشلىقى، پىرقە ئورگان گېزىتى «جۇڭشەن گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى بولغان، «جاھانگىرلار تۇڭگۇەنگە كىردى» قاتارلىق باش ماقالىلەرنى ئېلان قىلغان، يەنە «ئويغانغان ياشلار»دا «يەر ـ زېمىنى ئۆتمۆشۈك بولۇپ كەتكەن شيەنياڭ»نى ئېلان قىلىپ، مىلتارىستلار، يەرلىك زومىگەرلەر، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ جىنايى قىلمىشىنى پاش قىلغان.

1931 ـ يىلى ياپونىيەگە بېرىپ ئوقۇغان، 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن غەزەپلىنىپ ۋەتەنگە قايتقان، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ فېڭشياڭ 2 ـ ئوتتۇرا مەكتىپى، شىنگو ئوتتۇرا مەكتىپى قاتارلىق مەكتەپلەردە خىزمەت قىلغان.

1937 ـ يىلى، لى فۇرېن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا، شىئەندە «پۇقرا گېزىتى»نى چىقىرىپ، ئاممىباب تىل، جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ ئۇسلۇب ئارقىلىق پۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، پۇقرالار ئۈچۈن سۆزلەپ، ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ خەۋىرى ۋە ھەرقايسى جەڭ رايونلىرىنىڭ ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ۋە دېموكراتىك ھەرىكەتنى تەشۋىق قىلغان.

«پۇقرا گېزىتى» چىقىرىلغان تۆت يىلدا، ئومۇمىي تىراژى 1 مىليون پارچىدىن كۆپرەككە يەتكەن، مۇشتەرىسى 10 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، تەسىرى ناھايىتى زور بولغان، بۇ گېزىت ئاممىا تەرىپىدىن «بىزنىڭ پۇقرا» دەپ ئاتالغان، لى فۇرېنمۇ ئاممىا تەرىپىدىن يېقىملىق ھالدا «پۇقرا» دەپ ئاتالغان. ئەمما «پۇقرا گېزىتى» بايرىقى روشەن ھالدا گومىنداڭ دائىرىلىرىنى سۆككەچكە مەجبۇرىي توختىتىلغان. «پۇقرا گېزىتى» توختىتىلغاندىن كېيىن لى فۇرېن يەنە داۋاملىق «يېزا ھەپتىلىك گېزىتى»نى چىقارغان، ئەمما گېزىت پەقەت ئالتە سان چىقىرىلىپلا، يەنە تەكشۈرۈپ پېچەتلىنىپ توختىتىلغان.

1942 ـ يىلى، لى فۇرېن جۇڭگو دېموكراتىك ئىتتىپاقىغا كىرىپ، غەربىي شىمال دېموكراتىك ئىتتىپاقى باش ياچېيكىسى ياشلار بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولغان. 1945 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، لى فۇرېن «ئاۋام يېتەكچىسى گېزىتى»نى چىقىرىپ، مەسئۇل مۇھەررىر، قوشۇمچە باش مۇھەررىر بولغان، دېموكراتىيەنى تەشەببۇس قىلىپ، ھاكىممۇتلەقلىككە قارشى تۇرغان، ئىنقىلابنى تەشۋىق قىلغان، گومىنداڭ دائىرىلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ۋە «ئاۋام يېتەكچىسى گېزىتى»گە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەن.

1946 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، لى فۇرېن گومىنداڭ ئىشپىيونلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، ئىشپىيونلار لى فۇرېنغا كەينى ـ كەينىدىن ئىككى پاي ئوق ئاتقان، بەختكە يارىشا لى فۇرېن ئۆلمەي، شۇ جايدىكى ئاممىا تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇلغان. ئەتىسى، لى فۇرېننىڭ ھايات قالغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئىشپىيونلار يەنە بېرىپ ئاختۇرغان، لى فۇرېن ئاممىنىڭ كۆپ تەرەپلىك قوغداپ قېلىشى بىلەن بايقالمىغان.

5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شەنشى ئۆلكىلىك خىزمەت كومىتېتى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى قانات يايدۇرغان. لى فۇرېن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بىخەتەر ھالدا يەتتە ـ سەككىز جايغا يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئاخىر يولۋاس ئېغىزىدىن قۇتۇلغان، بويىندا قېپقالغان ئوقمۇ ئېلىۋېتىلگەن ھەم 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى يەنئەنگە يېتىپ بارغان.

1946 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمەت لى فۇرېننى يەنئەن داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىگەن. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، لى فۇرېن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دېموكراتىك ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، غەربىي شىمال خەلق ئىنقىلابىي داشۆسىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى، شىئەن شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. لى فۇرېننىڭ ئوق يارىسى ئېغىرلىشىپ، بەدىنى ئۇزاق مەزگىل ئاجىزلىشىپ كەتكەچكە، 1958 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى شىئەندە كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان، ۋاپات بولغان يىلى 58 ياشتا ئىدى.

2017 ـ يىلى، لى فۇرېن خاتىرە سارىيى لى فۇرېننىڭ قىزى لى خېلى ۋە جىيەن نەۋرىسى لى شياۋلۇڭنىڭ تىرىشچانلىقىدا قۇرۇلدى. «تارىختا مەسئۇل بولۇش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بوۋامنىڭ ھېكمەتلىك سۆزى ئىكەن. بىز ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ شەخسىيەتسىز ۋە قورقماس ئىنقىلابىي روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، مەڭگۈ پارتىيەنى سۆيىمىز، ۋەتەننى سۆيىمىز، خەلقنى سۆيىمىز» دېدى لى شياۋلۇڭ.

# ئەن يېمىن: يالقۇنلۇق ئوت ئىچىدە مەڭگۈ ھايات دېڭىز ئارمىيە ئۇرۇش قەھرىمانى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شېنياڭ، 7 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار لى جېڭ، گاۋ شۇاڭ)** كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان قېلىن تاشقى تام پەس ئاۋازدا ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلىپ تۇراتتى، ئاياغ، باش كىيىم قاتارلىق بۇيۇملارغا ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش يولى خاتىرىلەنگەنىدى ... لياۋنىڭ كەييۈەندە، ھەر قېتىمقى چىڭمىڭ بايرىمى ھەم مۇھىم، چوڭ بايراملار كەلگەندە، يۇرت خەلقى ھەمىشە ئىنقىلابىي قۇربان ئەن يېمىن خاتىرە سارىيىغا كېلىپ، فۇجيەندە قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربان ئەن يېمىننى ياد ئېتىدۇ.



**ئەن يېمىننىڭ سۈرىتى.**
**□شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان**

ئەن يېمىن، مانجۇ، 1937 ـ يىلى لياۋنىڭ كەييۈەندە تۇغۇلغان، 1956 ـ يىلى جۇڭگو يېڭى دېموكراتىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن. 1957 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، 20 ياشلىق ئەن يېمىن چاقىرىققا بىنائەن ھەربىي سەپكە قاتناشقان ھەم لۈشۈنكوۋدىكى دېڭىز ئارمىيەسىنىڭ مەلۇم دېڭىز قىرغىقى توپچىلار لىيەنىگە تەقسىملىنىپ جەڭچى بولغان. ھەربىي سەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئەن يېمىن ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىپ، ھەربىي ماھارىتىنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەن، ھەتتا ئاغرىپ قالغان چاغدىمۇ مەشىقنى داۋاملاشتۇرغان، ئىلگىرى ـ كېيىن تېلېفونىست ئەسكەر، دورا توشۇغۇچى ۋە قارىغا ئالغۇچى بولغان.

1958 ـ يىلى يازدا، ئۇرۇش تەييارلىقى ئېھتىياجى سەۋەبىدىن، ئەن يېمىن تۇرۇشلۇق دېڭىز قىرغىقى توپچىلار لىيەنى فۇجيەن ئالدىنقى سېپىدە مۇداپىئەدە تۇرۇشقا يۆتكەلگەن. ئەن يېمىن بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇپ، قوشۇن بىلەن بىللە يۇرتىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى فۇجيەنگە كەلگەن.

ئۇرۇشتىن ئىلگىرىكى جىددىي مەشىقتىن باشقا چاغدا، ئەن يېمىن خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «مەن دېڭىز قىرغىقىدا مەڭگۈ جەڭ قىلىمەن، ئۇ مېنىڭ ھايات ـ ماماتلىق ئايرىلماس تۇپرىقىم. ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ كىشىلەر قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى ئارمىيەمىزنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. مەن چوقۇم ئۇلاردىن ئۆگىنىمەن، مەيداننى خۇددى دېڭىز بويىدىكى قارىغايلاردەك مۇستەھكەملەيمەن. پارتىيە مېنى سىنىسۇن، بوران ـ چاپقۇن مەيلى قانچىلىك كۈچلۈك بولسۇن، كوممۇنىزم جەڭچىلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى بۇزۇۋېتەلمەيدۇ، ئۆزگەرتەلمەيدۇ» «ئىنقىلابىي جەڭچىلەرنىڭ ھاياتىدا پەقەت بىرلا مەقسەت بولۇشى كېرەك، ئۇ بولسىمۇ خەلق ئۈچۈن ياراملىق ئادەم بولۇش... جەڭدە ئەگەر جىددىي پەيتكە دۇچ كەلسەم، مەن چوقۇم باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمەن، قىلچە قورقمايمەن».

1958 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، فۇجيەن ئالدىنقى سېپىدە جىنمېن ئارىلىنى ئىشغال قىلىۋالغان گومىنداڭ ئارمىيەسى بىلەن بولغان زەمبىرەك ئۇرۇشىدا، بىر پاي زەمبىرەك ئوقى زەمبىرەك ئورنىنىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا پارتلاپ، ئوق پارچىسى زەمبىرەكنىڭ كەينىگە دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوق ـ دورا خالتىسىغا تېگىپ، لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىغان، ئوت يالقۇنى زەمبىرەك ئورنىنىڭ سول تەرىپىدىكى نەچچە يۈز پاي ئوققا يېقىنلىشىپ، زەمبىرەك ۋە پۈتۈن ئىستىھكامنىڭ بىخەتەرلىككە ئېغىر تەھدىت سالغان.

خەتەرلىك پەيتتە، ئەن يېمىن ئۆزىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قارىماي، جەڭ ئورنىنى چىڭ ساقلاپ، چەبدەسلىك بىلەن زەمبىرەك گەۋدىسىنى مەخپىي خەندەككە بۇرىغان. يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇنىڭ كىيىمىگە تۇتىشىپ، دۈمبىسى ۋە بىلىكىنى يارىلاندۇرغان، ئۇ بۇنىڭ بىلەن قىلچە كارى بولماي، قەتئىي ئىرادە بىلەن لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ كۆيدۈرۈشىگە بەرداشلىق بېرىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن رولىنى ئايلاندۇرۇپ، زەمبىرەك گەۋدىسىنى مەخپىي خەندەككە بۇراپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن زەمبىرەكتىن سەكرەپ چۈشۈپ، دومىلاپ بەدىنىدىكى ئوتنى ئۆچۈرگەن. لېكىن پۈتۈن بەدىنىنىڭ 70%ى كۆيۈپ يارىلانغاچقا، ئۇ ھوشىدىن كەتكەن.

ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئەن يېمىن ئۇرۇش سېپىدىن قەتئىي چېكىنمەي، يەنە بىر قېتىم زەمبىرەك ئورنىغا چىقىپ، قوماندان چۈشۈرگەن ھەربىر جەڭ بۇيرۇقىنى توغرا ئورۇنداپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ئىستىھكامىنى سېجىل توپقا تۇتۇپ، تاكى زەمبىرەك ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانغا قەدەر قەيسەرلىك بىلەن 40 مىنۇت جەڭ قىلغان. كېيىن يارىسى ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 1958 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ ئارانلا 21 ياشتا ئىدى.

ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا، ئەن يېمىن پارتىيە تەشكىلاتىغا پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇنغان، ئىلتىماستا: «يارام ساقايغاندىن كېيىن يەنە ئالدىنقى سەپكە قايتىپ، دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بېرىمەن» دەپ يازغان. ئۇ قۇربان بولغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى دېڭىز ئارمىيە پارتكومى ئۇنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىپ، 1 ـ دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتتى، دەپ تولۇقلاپ تۆھپە يازغان، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك كومىتېتى ئۇنىڭغا «نەمۇنىلىك ئىتتىپاق ئەزاسى» دەپ شەرەپلىك نام بەرگەن. فۇجيەن شيامېندا ئىنقىلابىي قۇربان ئەن يېمىننىڭ قەبرىسى ياسالغان بولۇپ، خاتىرە تېشىغا جۇ دېنىڭ «كوممۇنىزم جەڭچىسى ئەن يېمىن مەڭگۈ ھايات» دېگەن بېغىشلىمىسى ئويۇلغان.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)